دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# ئامېرىكىنىڭ ھەر قانداق «قانۇن لايىھەسى» جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ

□ جاڭ يۇڭخې

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى ئۈزلۈكسىز يۈز بەردى ھەم ئىچكىرى رايونلاردىكى باشقا جايلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، بىگۇناھ ئامما تېررورىزمنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، زور مىقداردىكى مال ـ مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىدى. كىشىلەر نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قېلىپ، قاتتىق تەشۋىش ئىچىدە قالدى. بۇنداق كەسكىن رېئال تەھدىت ئالدىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئالاقىدار تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش شەرتنامىسى رامكىسى ئىچىدە، جۇڭگونىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنىغا ئاساسەن، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، تېررورىزمغا زەربە بېرىش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئىنتايىن بۇرمىلانغان روھىي ھالەتنىڭ تۈرتكىسىدە، ئاتالمىش «2019 ـ يىل ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىدى. شۇنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگەر ئامېرىكا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش توغرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك قارارلىرىغا ئېتىبار بىلەن قارىغان بولسا، ئەگەر ئامېرىكا ئۆزىگە «ئەخلاق ئاتىسى» دەپ تەمەننا قويمىغان بولسا، ئەگەر ئامېرىكا جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا توغرا قارىغان بولسا، ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇنداق ساختا ئالىيجاناب «قانۇن لايىھەسى»نى تۈزمىگەن بولاتتى.

**مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنىنىڭ 49/60 ـ نومۇرلۇق قارارىنىڭ تۈۋەن چېكىنى دەپسەندە قىلدى**

1994 ـ يىلى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ نورمال تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يىغىن ئېچىش شەكلىدە «خەلقئارا تېررورىزمنى يوقىتىش تەدبىرلىرى خىتابنامىسى» دېگەن 49/60 ـ نومۇرلۇق قارارنى ماقۇللىغان، ئامېرىكا بۇ قارار تەكلىپىنى بەرگەن دۆلەت. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا ئەزا دۆلەتلەر تېررورىزمغا ياتىدىغان بارلىق قىلمىش، چارە ۋە ئۇسۇللارنى، جۈملىدىن دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتكە خەۋپ يەتكۈزىدىغان ھەم دۆلەتنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ۋە خەۋپسىزلىكىگە تەھدىت سالىدىغان ئاشۇ قىلمىش، چارە ۋە ئۇسۇللارنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن كەسكىن ئەيىبلەيدۇ، مەيلى قايسى يەردە يۈز بەرسۇن ياكى قانداق ئادەم قىلسۇن، بىردەك جىنايەت بولۇپ ئۇنى ئاقلاشقا بولمايدۇ» ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن ئادەتتىكى ئامما، مەلۇم بىر توپ كىشى ياكى بەزى كىشىلەر ئارىسىدا تېررورلۇق ھالىتى شەكىللەندۈرۈشكە ئۇرۇنىدىغان ياكى قەستەن پەيدا قىلىدىغان جىنايى قىلمىش مەيلى ھەرقانداق سىياسىي، پەلسەپە، ئىدېئولوگىيە، قوۋم، ئىرق، دىن ياكى ھەرقانداق باشقا خاراكتېردىكى ئويىنى باھانە قىلىشتىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق ئەھۋالدا ھېچقانداقنى ئاقلاشقا بولمايدۇ» دەپ ئېنىق يېزىلغان. يەنى، خەلقئارا دائىرە ئىچىدە، بارلىق تېررورىزم قىلمىشلىرىغا قارىتا ھېچقانداق ئىككىلىنىش ۋە رەھىم قىلىش مەۋجۇت ئەمەس، خەلقئارا تېررورىزم قىلمىشىغا جاۋابكار كىشى جەزمەن قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلىشى كېرەك. لېكىن ئامېرىكىنىڭ مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»دە، قانۇنلۇق ئەدلىيە تەرتىپى ئارقىلىق ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان ئاشۇ تېررورىزم جىنايەتچىلىرى «سىياسىي جىنايەتچى»گە ئايلىنىپ قالغان، بۇ ھەققەتەن خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ئەقلىي ساۋاتتىن ھالقىغان بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قارارىنىڭ تۈۋەن چېكىنى دەپسەندە قىلدى ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 49/60 ـ نومۇرلۇق قارارىغا خىلاپلىق قىلدى.

**سۈنئىي ئەخلاق ئېگىزلىكى بەرپا قىلىش ئارقىلىق باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىش**

مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى»نىڭ بايانى يامان نىيەت بىلەن تولغان. پۈتكۈل «قانۇن لايىھەسى»گە نەزەر سالساق، ئامېرىكا ئالدى بىلەن دۆلىتىمىز زەربە بەرگەن تېررورىزمنى ئۇيغۇر مىللىتى بىلەن باغلىۋالغان.

جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىستراتېگىيەسىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، 12 تۈرلۈك تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئەھدىنامىسىگە ئىمزا قويدى ياكى قاتناشتى، جۇڭگو يەنە تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش قانۇنى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇنىنى تۈزۈپ، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۈردى. جىنايى ئىشلار قانۇنىدا تېررورلۇق پائالىيەتلىرىدىكى تەييارلىق قىلمىشىنى يۈرگۈزۈلگەن قىلمىش دەپ قاراش زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىلدى. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 120 ـ ماددىسىنىڭ 3 ـ تارمىقىدا تېررورىزمنى، ئەسەبىيزمنى تەرغىب قىلىش، تېررورلۇق پائالىيىتىگە قۇتراتقۇلۇق قىلىش ۋە ئۇنى سادىر قىلىش جىنايىتى بەلگىلەنگەن ھەمدە 120 ـ ماددىسىنىڭ 6 ـ تارمىقىدا تېررورىزمنى، ئەسەبىيزمنى تەرغىب قىلىدىغان بۇيۇملارنى قانۇنسىز ئېلىپ ساقلاش جىنايىتى قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو تېررورىزمغا زەربە بېرىش بىلەن ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە، جازالاش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى قوللىنىپ، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ پائال ئالدىنى ئالدى؛ جۇڭگو يەنە كەڭچىلىك قىلىش بىلەن قاتتىق جازالاش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئەدلىيە سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئاز ساندىكى ئېغىر جىنايى قىلمىشى بار تېررورىزم، ئەسەبىيزم ئۇنسۇرلىرىنى قانۇن بويىچە قاتتىق جازالىدى، تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، يېنىكرەك تېررورىزم، ئەسەبىيزم پائالىيىتى بار كۆپ ساندىكى كىشىنى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ، قىسقا مەزگىللىك ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىدىغان جازانىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كېلىدىغان پايدىسىز تەسىرىدىن ساقلاندى. جۇڭگو تېررورىزم، ئەسەبىيزمنى مۇئەييەن دۆلەت، رايون، قوۋم، مىللەت، دىن بىلەن چېتىۋېلىشقا قارشى تۇردى، رايون، مىللەت، دىننى ئاساس قىلغان بارلىق كەمسىتىش خاراكتېردىكى ئۇسۇللارنى چەكلەپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش جەريانىدا كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە ھۆرمەت قىلىشتا چىڭ تۇردى. قىسقىسى، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشى، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىشى باشتىن ـ ئاخىر تېررورىزم، ئەسەبىيزم قىلمىشىنىڭ ئۆزىگە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرغانلىق، ھەرگىزمۇ رايون، مىللەت ۋە دىننى باھانە قىلغان كەمسىتىش خاراكتېرلىك قىلمىش ئەمەس.

جۇڭگو ئىگىلىك ھوقۇقلۇق دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز دۆلىتىدە تېررورىزمغا، ئەسەبىيزمغا زەربە بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇشتىكى ھەرقانداق قارارىغا تامامەن ئۇيغۇن، جۇڭگونىڭ تۈرلۈك قانۇن ـ نىزاملىرىغا ئۇيغۇن، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى، ئامېرىكىنىڭ كەلسە ـ كەلمەس قول تىقىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ بۇ خىل ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان ئۇسۇلى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس، خەلقئارا جەمئىيەت بۇنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ، ئامېرىكا ئەخلاق ئېگىزلىكىنى ئىگىلەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئەخلاق كەمسىتىش زەنجىرىنىڭ ئەڭ تۈۋەن چېكىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

**ئامېرىكىنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش، جۇڭگونى مالىمان قىلىش مەقسىتى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كۆڭلىگە ئايان**

ئامېرىكا داۋالغۇۋاتقان خەلقئارا جەمئىيەتنى ياخشى كۆرىدۇ، داۋالغۇۋاتقان، قالاق ۋە نادان جۇڭگونى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئامېرىكا ئەڭ قوبۇل قىلالمايدىغان رېئاللىق، بۇ نۇقتىنى پۈتۈن دۇنيا بىلىدۇ. شۇڭا جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى قانداق توسۇش ئامېرىكىنىڭ بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۇڭگو خەلقئارا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (CGTN) «جۇڭگو شىنجاڭ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپى» ناملىق ئىنگلىزچە ھۆججەتلىك فىلىمنى كۆرسەتتى، بەزى قانلىق كۆرۈنۈشلەر تۇنجى قېتىم كۆرسىتىلدى. ئون يىلدىن بۇيان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن مەن شىنجاڭغا كۆپ قېتىم بېرىپ، CGTNدا كۆرسىتىلگەندىنمۇ بەكرەك قانلىق كۆرۈنۈشنى كۆرگەن. مەن ئىلگىرى ئالاقىدار زاتلاردىن نېمىشقا بۇ كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىپ، كۆپچىلىكنى تېخىمۇ كۆپ تېررورلۇق قىلمىشىدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارغا تېررورىزمنىڭ رەھىمسىزلىكىنى بىلدۈرمەيسىلەر، دەپ سورىغانىدىم. مېنىڭ ئېرىشكىنىم بۇ كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىلسە كۆپچىلىكنى بىئارام قىلىشى، يامان تەسىر پەيدا قىلىشى مۇمكىن، دېگەن ئىنتايىن ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بېرىلگەن جاۋاب بولدى.

ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەسلا بىلگۈسى يوق، ئۇلار شىنجاڭغا نىسبەتەن «ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى»دا تۇرۇۋېرىشنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلىدۇ، «مۇۋاپىق گۇمان» «خاتا پەرەز» قىلىشنى تېخىمۇ خالايدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى روشەنكى «ئامېرىكا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ» دېگۈچىلەرنىڭ نېرۋىسىغا تەگدى، ئۇلار بۇ پاكىتنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. شۇڭا جۇڭگودا مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەمدە چېگرا سىرتىدىكى تېررورىزمغا يانتاياق بولۇش مۇقەررەركى ئامېرىكىنىڭ بىردىنبىر تاللىشى، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ «رەزىل نىيىتى» «ھەممىگە بەش قولدەك ئايان».

**(ئاپتور غەربىي جەنۇب سىياسىي ـ قانۇن داشۆسى كىشىلىك ھوقۇق تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىجرائىيە باشلىقى، پروفېسسور) (2019 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى «نۇر گېزىتى»گە بېسىلغان)**

# چاڭجېڭ 5 ـ نومۇرلۇق توشۇغۇچى راكېتا شىجيەن 20 ـ نومۇرلۇق سۈنئىي ھەمراھنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭىلىق يارىتىش قىيىن نۇقتىسى كۆپ، تېخنىكا ھالقىش دەرىجىسى زور، مۇرەككەپلىك دەرىجىسى يۇقىرى. راكېتاغا پۈتۈنلەي يېڭى ئۆزەك دەرىجىسىدىكى دىيامېترى بەش مېتىر بولغان راكېتا گەۋدىسى قۇرۇلمىسى ئىشلىتىلگەن، دىيامېترى 3.35 مېتىر بولغان تۆت دانە ئىتتىرگۈچ باغلانغان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 57 مېتىر، ئۇچۇش ئېغىرلىقى تەخمىنەن 870 توننا، يەرگە يېقىن ئوربىتىدىكى توشۇش ئىقتىدارى 25 توننا، يەر شارى بىلەن ماس قەدەملىك يۆتكىلىش ئوربىتىسىدىكى توشۇش ئىقتىدارى 14 توننا، يەرشارى ـ ئاي شارى يۆتكىلىش ئوربىتىسىدىكى توشۇش ئىقتىدارى سەككىز توننا بولۇپ، ئومۇمىي ئىقتىدارى ۋە ئومۇمىي تېخنىكىسى خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن.

بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ تېخىمۇ ئېغىر ئالەم ئۇچقۇسىنى قويۇپ بېرىش ياكى ئالەم ئۇچقۇسىنى تېخىمۇ يىراق ئالەم بوشلۇقىغا يەتكۈزۈش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، كەلگۈسىدىكى ئاينى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنىڭ 3 ـ قارارلىقى، تۇنجى قېتىملىق مارسنى تەكشۈرۈش قاتارلىق دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا مەخسۇس تۈرلىرى ۋە مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ.

شىجيەن 20 ـ نومۇرلۇق سۈنئىي ھەمراھ يەر شارى بىلەن ماس قەدەملىك ئوربىتا يېڭى تېخنىكىسىنى دەلىللەش سۈنئىي ھەمراھى بولۇپ، دۇڭفاڭخۇڭ 5 ـ نومۇرلۇق يېڭى بىر ئەۋلاد چوڭ تىپتىكى سۈنئىي ھەمراھ سۇپىسىنىڭ ئاچقۇچلۇق تېخنىكىسىنى دەلىللەيدۇ ھەم كۆپ تۈرلۈك يېڭى تېخنىكىلارنى دەلىللەش خىزمىتىنى ئىشلەپ، يەر شارى بىلەن ماس قەدەملىك ئوربىتىدا خەۋەرلىشىش رادىيو كەسپىنى قانات يايدۇرىدۇ.

ئالەم قاتنىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئەزەلدىن ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرگەن ئەمەس. ئون نەچچە يىل قۇرۇلۇش تەتقىق قىلىش ـ ياساش ئارقىلىق، چاڭجېڭ 5 ـ نومۇرلۇق راكېتا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 2016 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋە 2017 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىككى قېتىم قويۇپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى تۇنجى قېتىم قويۇپ بېرىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، ئىككىنچى قېتىملىق قويۇپ بېرىشتە راكېتا موتورى كاشىلىسى سەۋەبىدىن سۈنئىي ھەمراھنى ئالدىن بېكىتىلگەن ئوربىتىغا يەتكۈزەلمىدى. قۇرۇلۇش پۈتۈن سېپىدىكى پەن تەتقىقات خادىملىرى زور كۈچ بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىككى يىلدىن كۆپرەك جاپاغا چىداپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ئۇدا جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشنى باشتىن كەچۈرۈپ، نۇرغۇن يەر يۈزى سىنىقى ئىشلەپ، 2 ـ قېتىملىق قويۇپ بېرىشتىكى مەغلۇبىيەت، كاشىلىنى تۈگىتىش ۋە 3 ـ قېتىملىق راكېتا قويۇپ بېرىشنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى.

چاڭجېڭ 5 ـ نومۇرلۇق توشۇغۇچى راكېتا قۇرۇلۇشىدا 2006 ـ يىلى تۈر تۇرغۇزۇپ تەتقىق قىلىپ ياساش تەستىقلانغان بولۇپ، دۆلەت ئالەم قاتنىشى ئىدارىسى باش بولۇپ تەشكىللەپ يولغا قويغان. راكېتانى جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق جۇڭگو توشۇغۇچى راكېتا تېخنىكا تەتقىقات يۇرتى باش بولۇپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان، شىجيەن 20 ـ نومۇرلۇق سۈنئىي ھەمراھنى جۇڭگو ئالەم قاتنىشى پەن ـ تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىگە قاراشلىق جۇڭگو بوشلۇق تېخنىكىسى تەتقىقات يۇرتى باش بولۇپ تۇتۇپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان، قويۇپ بېرىش، كۆزىتىش ـ كونترول قىلىشنى جۇڭگو سۈنئىي ھەمراھ قويۇپ بېرىش، كۆزىتىش ـ كونترول قىلىش سىستېمىسى بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ تەشكىللەپ يولغا قويغان. جۇڭگو ۋېنچاڭ ئالەم قاتنىشى قويۇپ بېرىش مەيدانى دۆلىتىمىزدىكى تۇنجى دېڭىز بويىدىكى ئالەم قاتنىشى قويۇپ بېرىش مەيدانى، ئۇ، كەڭلىك گىرادۇسى تۆۋەن، قويۇپ بېرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، قويۇپ بېرىش يۆنىلىشى كەڭ، توشۇش قولايلىق بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد توشۇغۇچى راكېتا ۋە يېڭى تىپتىكى ئالەم ئۇچقۇسىنى قويۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

# گۈزەل تۇرمۇشقا تاشلانغان قەدەم تېخىمۇ مەردانە، كۈچلۈك بولدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىشىنى توسۇشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. لېكىن يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر ئاخىرقى ھېسابتا ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ، خۇددى بۇلۇت قۇياشنى توسۇيالمىغانغا ئوخشاش!

بىر مەزگىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ خەۋپىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، چېگرا ئىچى ـ سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)لىرىنى سادىر قىلىپ، نۇرغۇن بىگۇناھ ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، نەچچە يۈز جامائەت خەۋپسىزلىكى خەلق ساقچىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولدى، مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. تېررورىزم، ئەسەبىيزمنىڭ رېئال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىل ئارقىلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ئەسەبىيزمنىڭ سىڭدۈرمىچىلىكى ئۈنۈملۈك توسۇلدى، جەمئىيەت ئامانلىق ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

جۇڭگو سوتسىيالىستىك قانۇنچىل دۆلەت. شىنجاڭنىڭ تېررورىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش كۈرىشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تېررورىزمغا زەربە بېرىش، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش ئاساسىي مەقسىتى ۋە پرىنسىپىغا تامامەن ئۇيغۇن. زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە زەربە بېرىش، قانۇن بويىچە ئاز ساندىكى ئېغىر زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش، ئىنتايىن ئاز ساندىكى تېررورلۇق تەشكىلاتى تايانچ ئۇنسۇرلىرى ۋە تېررورلۇق پائالىيىتى جىنايەتچىلىرىنى قاتتىق جازالاش پۇقرالارنىڭ ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقىنى تېررورىزم ۋە ئەسەبىيزمنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىماسلىقتا ئەڭ زور چەكتە كاپالەتلىك قىلغانلىق، كەڭ خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئەڭ ياخشى قوغدىغانلىق، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا مۇھىم ـ زور تۆھپە قوشقانلىق.

ھازىر، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما يېمەك ـ ئىچمەكتىن غەم قىلمايدۇ، كىيىم ـ كېچەكتىن غەم قىلمايدۇ، تۇرالغۇدىن غەم قىلمايدۇ، بالىلار ئازادە، يورۇق سىنىپلاردا ئوقۇۋاتىدۇ، ھەر مىللەت ئامما ئومۇمىي خەلق سالامەتلىك تەكشۈرۈش، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، چوڭ كېسەللەرنى داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق پارتىيەنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىدىن بەھرىلىنىۋاتىدۇ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، گۈزەل يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلدى، ھەر مىللەت ئامما تەستە قولغا كەلگەن مۇقىملىق، تەرەققىيات پايدىسىدىن بەھرىلىنىۋاتىدۇ.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار شىنجاڭنىڭ قانۇن بويىچە، بەلگىلىمە بويىچە تېررورىزمغا زەربە بېرىش، كىشىلىك ھوقۇقنى قوغداش تىرىشچانلىقىنى كۆرمەسكە سېلىپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت مۇقىم بولغان، مىللەتلەر ئىتتىپاق، دىنلار ئىناق بولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى كۆرمەسكە سېلىپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئاتالمىش «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ ھەم ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى، بۇ، ئوچۇقتىن ئوچۇق زومىگەرلىك قىلمىشى. شىنجاڭ مەسىلىسىدە، ئەڭ سۆز قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ھەرقانداق كىشىنىڭ شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ ئىناق ۋە چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ، ھەرقانداق ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش، بوھتان چاپلاش، تۆھمەت قىلىشنىڭ ھەممىسى شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقى ـ ئىلگىرىلىگەنلىكىدەك رېئاللىقنى يوققا چىقىرالمايدۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىگە تېخىمۇ كاشىلا قىلالمايدۇ.

نۆۋەتتە، شىنجاڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە مۇھىم باسقۇچلۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بىز ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەي زىچ چۆرىدەپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

مەن پارتىيەنىڭ تەربىيەسى، غەمخورلۇقى، يېتىشتۈرۈشىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئاز سانلىق مىللەت پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىر. بىز بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەر ھەم كونا جەمئىيەتنى باشتىن كەچۈردۇق، ھەم يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيانقى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردۇق ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولدۇق. تارىخنى ئۆرنەك قىلىپ، بىز كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگونىڭ بولمايدىغانلىقىنى، شىنجاڭدا بۈگۈنكىدەك ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بىۋاسىتە ھېس قىلدۇق. مەن ھەق ـ ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، كۆزۈمنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېنىق كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ رەزىل نىيىتىنى ئېچىپ تاشلايمەن. پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى قەتئىي، كەسكىن ھىمايە قىلىمەن، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغدايمەن. مەن قەتئىي ئىشىنىمەنكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىستىكى ۋە گۈزەل تۇرمۇشقا تاشلانغان قەدىمى تېخىمۇ مەردانە، كۈچلۈك بولدۇ!